# يېڭى دەۋردە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئۇلۇغ روھىغا ۋارىسلىق قىلايلى ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرايلى

(بېشى 1 - بەتتە)

جاپا - مۇشەققەت، خەۋپ - خەتەر، توسالغۇلارنى يېڭىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈردۇ».

9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ 14 يىل قان كېچىپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش تارىخىنى چوڭقۇر ئەسلىدى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئۇلۇغ غەلىبىسىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر شەرھلىدى، بىزنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئۇلۇغ روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، بوشاشماي جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ مەزمۇنى يۈكسەك، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك سىياسىيلىقى، ئىدىيەۋىلىكى، ئىستراتېگىيەلىكى ۋە يېتەكچى خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، سادىسىزلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلار ياراتقان ئۇلۇغ ئىشلارنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ ۋە رىغبەتلەندۈرىدۇ.

«ھەققانىيەت جەزمەن غەلىبە قىلىدۇ! تىنچلىق جەزمەن غەلىبە قىلىدۇ! خەلق جەزمەن غەلىبە قىلىدۇ!» جۇڭخۇا مىللىتى ھالاكەت خەۋپىگە دۇچ كەلگەن پەيتتە، جۇڭگو خەلقى پولاتتەك ئىرادىسى بىلەن كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلىپ، قان ۋە گۆشتىن پۈتۈلگەن تېنى بىلەن سېپىل قۇرۇپ، ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ دۆلەتنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى يېڭىشكە ئاتلىنىپ، يەر - جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان، ئىنتايىن تەسىرلىك قەھرىمانلىق تارىخىي داستاننى پۈتۈپ، ياۋۇزلۇقتا چېكىگە يەتكەن ياپون مىلىتارىزمى تاجاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ھەققانىيەت رەزىللىك ئۈستىدىن غالىب كەلگەن، يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن غالىب كەلگەن، ئىلغارلىق ئەكسىيەتچىلىك ئۈستىدىن غالىب كەلگەن ئۇلۇغ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ، يېقىنقى زاماندىن بۇيان جۇڭگو خەلقىنىڭ تاشقى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشتا داۋاملاشقان ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق، كۆلىمى ئەڭ زور، قۇربان بېرىش ئەڭ كۆپ بولغان مىللەتنىڭ ئازادلىق كۈرىشى، شۇنداقلا بىرىنچى قېتىم تولۇق غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلگەن مىللەتنىڭ ئازادلىق كۈرىشى. بۇ ئۇلۇغ غەلىبە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يېقىنقى زاماندىن بۇيان چوڭقۇر، ئېغىر كىرىزىسقا پېتىپ قېلىشتىن ئۇلۇغ گۈللىنىشكە قاراپ يۈرۈش قىلىشتىكى تارىخىي بۇرۇلۇش نۇقتىسى، شۇنداقلا دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، جۇڭگو خەلقىنىڭ غەلىبىسى، شۇنداقلا دۇنيا خەلقىنىڭ غەلىبىسى.

جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى ياپون مىلىتارىزمىنىڭ جۇڭگونى مۇستەملىكە قىلىش، قۇل قىلىش سۇيىقەستىنى ئۈزۈل - كېسىل بىتچىت قىلدى، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى كۈچلۈك قوغدىدى، يېقىنقى زاماندىن بۇيان چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇشتىكى كۆپ قېتىملىق جەڭدە ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇشتەك مىللەتنىڭ ئار - نومۇسىنى ئۈزۈل - كېسىل يۇيدى؛ جۇڭگونىڭ دۇنيادىكى چوڭ دۆلەتلىك ئورنىنى قايتىدىن تىكلىدى، جۇڭگو خەلقى دۇنيادىكى تىنچلىقپەرۋەر خەلقلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى، جۇڭخۇا مىللىتى مىللەتنىڭ يۈكسەك شۆھرىتىنى قولغا كەلتۈردى؛ جۇڭگو خەلقىنىڭ مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقى، ئەركىنلىكى، ئازادلىقىغا ئېرىشىش ئىرادىسىنى چىڭىتتى، قەدىمىي جۇڭگونىڭ سومۇرغنىڭ ئوتتا تاۋلىنىپ قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىش تارىخ يېڭى مۇساپىسىنى ئاچتى. خۇددى باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭقۇر كۆرسەتكەندەك، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ۋەتەنپەرۋەرلىكنى يادرو قىلغان مىللەت روھىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مۇستەھكەم تۈۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرغانلىقىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، جاسارەت بىلەن ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى، جۇڭگو خەلقىنىڭ فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ھەمدە ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلغانلىقىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى.

75 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان تەرەققىيات مۆجىزىلىرىنى ياراتتى، جۇڭگودا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى. لېكىن بىز شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇشىمىز كېرەككى، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا يەنىلا تۈرلۈك خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارغا دۇچ كېلىمىز، تۈرلۈك قىيىنچىلىق، ئەگرى - توقايلىقلارغا دۇچ كېلىمىز، جەزمەن ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئۇلۇغ روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى بېسىپ چۈشىدىغان، ئەمما قىيىنچىلىققا باش ئەگمەيدىغان ئىرادە ۋە جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، ئىجاد قىلىشقا ماھىر بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقىچە، تاكى ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكىچە قەتئىي بوشاشماي كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. شۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشىمىز كېرەككى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك، جەزمەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك، جەزمەن خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك، جەزمەن كۈرەش روھىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك، جەزمەن قەتئىي تەۋرەنمەي تىنچ تەرەققىيات يولىدا مېڭىش كېرەك. ھەرقانداق كىشى، ھەرقانداق كۈچ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تارىخىنى بۇرمىلاشقا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئاساسىي مەقسىتىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنىدىكەن، جۇڭگو خەلقى بۇنىڭغا ھەرگىز قوشۇلمايدۇ! ھەرقانداق كىشى، ھەرقانداق كۈچ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بۇرمىلاشقا ۋە ئۆزگەرتىشكە، جۇڭگو خەلقىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىنكار قىلىشقا ۋە خۇنۇكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنىدىكەن، جۇڭگو خەلقى بۇنىڭغا ھەرگىز قوشۇلمايدۇ! ھەرقانداق كىشى، ھەرقانداق كۈچ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن جۇڭگو خەلقىنى ئايرىۋېتىشكە، قارشىلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدىكەن، جۇڭگو خەلقى بۇنىڭغا ھەرگىز قوشۇلمايدۇ! ھەرقانداق كىشى، ھەرقانداق كۈچ زومىگەرلىك ۋاستىسى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى جۇڭگوغا مەجبۇرىي تېڭىشقا، جۇڭگونىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىشكە، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىنى يارىتىش تىرىشچانلىقىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنىدىكەن، جۇڭگو خەلقى بۇنىڭغا ھەرگىز قوشۇلمايدۇ! ھەرقانداق كىشى، ھەرقانداق كۈچ جۇڭگو خەلقىنىڭ تىنچ تۇرمۇشى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقى - مەنپەئىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا، جۇڭگو خەلقىنىڭ باشقا دۆلەت خەلقلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشى، ھەمكارلىشىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا، ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىدىن ئىبارەت يۈكسەك ئىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنىدىكەن، جۇڭگو خەلقى بۇنىڭغا ھەرگىز قوشۇلمايدۇ! باش شۇجى شى جىنپىڭ سۆزىدە ئالاھىدە تەكىتلىگەن بۇ «بەشكە ھەرگىز قوشۇلماسلىق» مەردانە، كۈچلۈك، جاراڭلىق بولۇپ، قەتئىي ھەم چوڭقۇر ھالدا 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگو خەلقىنىڭ ئورتاق يۈرەك ساداسىنى ئىپادىلىدى. «ھەممىمىز بىر نىيەتتە بولۇپ، دۈشمەننىڭ زەمبىرەك ئوقىغا قارىماي ئالغا ئىلگىرىلەيلى!» مىسلىسىز مۇشەققەتلىك ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا، بارلىق جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن جەڭ قىلىشى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن جەڭ قىلىشى، ئىنسانىيەتنىڭ ھەققانىيلىقى ئۈچۈن جەڭ قىلىشى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئاداققىچە جان تىكىپ كۈرەش قىلىدىغان جاسارىتى بارلىقىنى، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئاساسىدا قولدىن كەتكەن زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىش ئىرادىسى بارلىقىنى، دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش ئىقتىدارى بارلىقىنى تولۇق نامايان قىلىپ بەردى. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يېڭى ئۇزۇن سەپەردە، بىز پەقەت يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئۇلۇغ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، قانچە خەۋپ - خەتەر بولغانسېرى شۇنچە ئىلگىرىلەيدىغان قورقماس جاسارەتتە قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەپ، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، غەلىبە قىلىشقا جۈرئەت قىلالىساقلا، چوقۇم بارلىق جاپا - مۇشەققەت، خەۋپ - خەتەر، توسالغۇلارنى يېڭىپ، يېڭى، تېخىمۇ زور مۆجىزىلەرنى يارىتالايمىز.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تېلېگراممىسى)

لۇ دۇڭمېي:

# چىڭ ساقلاش باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىم

بىرىنچى سەپتە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرغان قەھرىمانلار شەجەرىسى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز يۈ مېڭرەن

«تۆيۈقسىز يۇزبەرگەن يۇقۇم كۆپچىلىكنىڭ پىسخىك ساپاسى ۋە كەسپىي ئىقتىدارىغا بولغان قوش سىناق، بۇنداق كەچۈرمىش ماڭا تېببىي خىزمەتچىلەرنىڭ بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. مېنىڭچە، پەقەت چىڭ ساقلاش، يۇقۇم تۈگىمىگىچە جەڭ كىيىمىنى سالماسلىق كېرەك.» 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى نەپەس يولى ۋە خەتەرلىك ئېغىر كېسەللەر تېببىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىر ۋىراچى لۇ دۇڭمېي ئىش ئورنىدا ئۇدا 51 كۈن ئىشلىدى، ئۇ مۇنداق دېدى: «مېنىڭ نۇرغۇن خىزمەتداشلىرىم بىرىنچى سەپتە كۈرەش قىلىپ ئىنتايىن جاپا تارتتى، بىز دوختۇرخانىدا قالغان دوختۇر - سېسترالارمۇ بازىنى چوقۇم ياخشى ساقلايمىز».

7 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن بۇيان، لۇ دۇڭمېي ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ نەپەس يولى ۋە خەتەرلىك ئېغىر كېسەللەر تېببىي بۆلۈمىدە ئىزچىل نۆۋەتچىلىك قىلدى، بۆلۈم ئىچىدىكى كۈندىلىك خىزمەتلەردىن باشقا، لۇ دۇڭمېي يەنە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ يۇقۇم مەزگىلىدە ۋاقىتلىق تەشكىللىگەن يۇقۇمغا ھۆكۈم قىلىش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ، دوختۇرخانىغا كىرگەن ئاغرىقلار ۋە قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسىدىكى ئاغرىقلارغا تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەھلىل قىلىپ ھۆكۈم قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي ئاغرىقلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى باھالاپ، جىددىي كېسەل كۆرىستىدىغان ئاغرىقلار ئۈچۈن «يېشىل يول» ئاچتى.

بىرىنچى ئېغىز ئادەتتىكى كېسەلخانا دوختۇر - سېسترالارنىڭ ۋاقىتلىق ياتاقىغا ئۆزگەرتىلدى، لۇ دۇڭمېي ۋە خىزمەتداشلىرى بۇ يەردە يېتىپ، كېچە - كۈندۈز ھەر ۋاقىت چاقىرىشنى كۈتۈپ تۇردى.

«كۈندۈزى كۈندىلىك خىزمەتلەرنى ئىشلەيمىز، دىياگنوز قويىمىز، كېسەلخانىلارنى ئارىلايمىز، كېسەللىك ئەھۋالىنى مۇزاكىرە قىلىمىز، بەزىدە كەچتە تۇيۇقسىز يۈزبېرىدىغان ئەھۋاللارغىمۇ دۇچ كېلىمىز.» لۇ دۇڭمېينىڭ ئەسلىشىچە، 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى بىر يېرىم كېچىدە، سەھەر سائەت 3 ئەتراپىدا، ئۇ تۇيۇقسىز بىر ھامىلدار ئايالنىڭ تۇغۇتنى يېقىنلىشىپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى تېلېفوننى قوبۇل قىلدى.

لۇ دۇڭمېي ۋە مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى بىر تەرەپتىن تۇغۇت بۆلۈمىگە ئوپېراتسىيەگە تەييارلىق قىلىشنى ئۇقتۇردى، بىر تەرەپتىن ھامىلدار ئايالدىن كىلىنىكىلىق سۈرۈشتۈردى، پائالىيەت ئىزىنى تەكشۈردى، كېسەللىك ئالامەتلىرىنى باھالىدى.

نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ساقلاشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئەھۋالدا، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى يېرىم سائەت ئىچىدە بارلىق خىزمەتلەرنى تاماملاپ، بۇ ھامىلدار ئايالغا ۋاقتىدا يېشىل يول ئېچىپ بېرىپ، ئۇنى تۇغۇت ئۆيىگە ئۇڭۇشلۇق ئېلىپ كىردى.

ئالدىراشلىق تۈگىگەندىن كېيىن، لۇ دۇڭمېي كارىۋاتتا يېتىپ زادىلا ئۇخلىيالمىغان بولسىمۇ، ئەمما كۆڭلى ئىنتايىن خاتىرجەم ئىدى.

لۇ دۇڭمېي سەممىيلىك بىلەن ئۆزىنىڭ يەر - جاھاننى زىلزىلىگە سالغۇدەك ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلمىغانلىقىنى، پەقەت نۇرغۇن يىللارنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈشتە چىڭ تۇرغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، دىياگنوز قويۇپ داۋالاش سەۋىيەسى ۋە داۋالاش مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئاغرىقلارنىڭ تىنچ- ئامانلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈش تېببىي خادىملارنىڭ بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى ئىدى.

بۇ يىل 43 ياشقا كىرگەن لۇ دۇڭمېي 20 يىللىق خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە، ئۇ ئىلگىرى ئامېرىكىدا دوكتور ئاشتى بويىچە تەربىيەلەنگەن ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولۇپ، نەپەس يولى سىستېمىسىدا ئاز كۆرۈلىدىغان كېسەل، مۇرەككەپ كېسەل ۋە نەپەس يولى خەتەرلىك ئېغىر كېسەللىرىگە قارىتا ئۆزگىچە قارىشى بار.

«يۇقۇم داۋامىدا، بالامنى ئاتا - ئانامنىڭ قارىشىغا تاپشۇرۇپ، جەڭگە قاتنىشىش ئىلتىماسى يېزىپ، بىرىنچى سەپكە بېرىشنى ئۈمىد قىلدىم.» لۇ دۇڭمېي مۇنداق دېدى: بۇ يىل 3 - ئايدا مەن چەت ئەلگە ياردەم بېرىش داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە پاكىستانغا ياردەمگە باردىم.

«چەت ئەلدە، بىزنىڭ ۋەكىللىك قىلىدىغىنىمىز جۇڭگو دوختۇر - سېسترالىرىنىڭ ئوبرازى، دۆلەت ئىچىدە، بىز ئاممىنىڭ ساغلاملىقىنىڭ قوغدىغۇچىسى، مەن زىممەمدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتتە مەن چوقۇم ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولىمەن» دېدى لۇ دۇڭمېي.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئورۇنلاشتۇرمىسى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش شارائىتىدا ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار مەسئۇلات سېتىشنى چىڭ تۇتۇش، مۇقىم كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىگە كاپالەتلىك قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشقا پۇختا ئاساس سېلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى قانات يايدۇرۇشنىڭ يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇھىم، زور تەدبىر ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ، جەزمەن تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، نامراتلارنى يۆلەش مەھسۇلاتلىرىنى، بولۇپمۇ يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئېغىر ئۇچرىغان نامراتلارنى يۆلەش مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشنى ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، كەڭ كۆلەمدە سېتىلماي بېسىلىپ قېلىش، سېتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنىڭ كۆرۈلۈشىنى قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، ھەقىقىي تۈردە ياخشى سىياسەت ئارقىلىق نامرات ئاممىغا زور ئەمەلىي مەنپەئەت يەتكۈزۈشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: دىققەتنى نامراتلارنى يۆلەش مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش زەنجىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، سىياسەت پايدىسى، بازار پايدىسىنى نامرات ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا، نامرات رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش جەھەتتە ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس پوكىيى، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس سارىيى، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس رايوننى ياخشى قۇرۇپ، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى ئالغا سىلجىتىدىغان تۇتقا شەكىللەندۈرۈش كېرەك. جۇڭگو جەمئىيەت نامراتلارنى يۆلەش توردىن تولۇق پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتلىگەن نامراتلارنى يۆلەش مەھسۇلاتلىرىنى نامايان قىلىپ، قوللاش مۇلازىمىتى بىلەن ۋاقتىدا تەمىنلەپ، سېتىۋالغۇچىلار خاتىرجەم بولۇش، ساتقۇچىلار خۇشال بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، رايون خاراكتېرلىك، مەخسۇس تۈر قاتارلىق كۆپ خىل شەكىلدىكى «ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئېيى» پائالىيىتىنى كەڭ دائىرىدە تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، يۇقىرى - تۆۋەن بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىدىغان، ئۈڭ - سول ھەمتۈركە بولىدىغان، ئورتاق ھەرىكەت قىلىدىغان ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى، جۇڭتەي گۇرۇھى، شىنجاڭ يىمېك كارخانىلار بىرلەشمىسىنىڭ ۋەكىللىرى پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى. يىغىندىن ئىلگىرى، 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان 19 ئۆلكە، شەھەرنىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى بىلەن ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش كېلىشىمى ئىمزالىدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن جاڭ چۈنلىن، جاڭ بو، ۋەن خەيچۈەن يىغىنغا قاتناشتى.

# تولۇق كۇرس 2 - تۈركۈمگە توردا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش باشلاندى

## ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئاپتونوم رايونىمىزدىن 39 مىڭ 502 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى پىلانلىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ شيانىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىمتىھان مەھكىمىسىدىن ئىگىلىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2020 - يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش بويىچە تولۇق كۇرس 2 - تۈركۈمگە توردا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىكى جەمئىي 605 ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئاپتونوم رايونىمىزدىن 39 مىڭ 502 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى پىلانلىغان.

9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئادەتتىكى تۈر، قوش تىل تۈرى، مىللىي تىل تۈرى تولۇق كۇرس 2 - تۈركۈمى پىلانى ئۈچۈن ئالدىن(تەقلىدىي) ئارخىپ چىقىرىلىپ، 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە رەسمىي ئارخىپ چىقىرىلىدۇ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ؛ 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئايرىم پىلان تۈرىدىكى تولۇق كۇرس 2 - تۈركۈمى پىلانى ئۈچۈن ئالدىن(تەقلىدىي) ئارخىپ چىقىرىلىپ، 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە رەسمىي ئارخىپ چىقىرىلىدۇ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ.

9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سائەت 8دىن 18گىچە، ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 - يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا ئورۇندالمىغان پىلانى ئۈچۈن 3 - قېتىم ئارزۇ قوبۇل قىلىنىدۇ. ئارزۇ قوبۇل قىلىش دائىرىسى: ئادەتتىكى تۈر، قوش تىل تۈرى، مىللىي تىل تۈرىدىكى نامراتلار مەخسۇس تۈرى، جەنۇبىي شىنجاڭ ئايرىم پىلانى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش پىلانى بويىچە تولۇق كۇرس 2 - تۈركۈمى، تولۇق كۇرس 2 - تۈركۈمنىڭ ئورۇندالمىغان پىلانى ئۈچۈن ئارزۇ قوبۇل قىلىنىدىغان بولۇپ، 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە ئارخىپ چىقىرىلىدۇ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ؛ 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى سائەت 8دىن 18گىچە، ئايرىم پىلان تۈرىدىكى نامراتلار مەخسۇس تۈرى، جەنۇبىي شىنجاڭ ئايرىم پىلانى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش پىلانى بويىچە تولۇق كۇرس 2 - تۈركۈمى، تولۇق كۇرس 2 - تۈركۈمنىڭ ئورۇندالمىغان پىلانى ئۈچۈن ئارزۇ قوبۇل قىلىنىدۇ، 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە ئارخىپ چىقىرىلىدۇ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ قېتىم ئارزۇ قوبۇل قىلغاندا، ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئالىي كەسپىي تېخنىكوم(مەخسۇس كۇرس) ئالدىنقى تۈركۈمى، ئالىي كەسپىي تېخنىكوم(مەخسۇس كۇرس) تۈركۈمى، «ئۈچ خىل مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالىي كەسپىي تېخنىكومغا ئۆرلەش» تۈركۈمى بويىچە ئارزۇ تولدۇرسا بولىدۇ.

ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەزگىلىدە، شىنجاڭ مائارىپ ئىمتىھان مەھكىمىسى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىغا ئاساسەن ھەر كۈنى سائەت 18دە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئۇچۇرىنى يېڭىلايدۇ، ئىمتىھان بەرگۈچىلەر «شىنجاڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تورى»نىڭ شىنجاڭ ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش توردا ئارزۇ تولدۇرۇش سىستېمىسىغا كىرىپ، ئىمتىھانغا قاتناشقان كىنىشكا نومۇرى، كىملىك نومۇرى ۋە مەخپىي نومۇرىغا ئاساسەن ئۆزىنىڭ قوبۇل قىلىنىش نەتىجىسىنى سۈرۈشتۈرسە بولىدۇ.

# ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئىككى ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

## كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن ئىككى يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىرلىكتە دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئىككى ئاغرىق دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مەسىلىسىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى. كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن ئىككى يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى. ھازىرغىچە، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مەسىلى 812، تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى 234 بولۇپ، جەمئىي 1046.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا بىرلەشمە داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لۇ چېڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ قېتىم دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مەسىللىرى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە دوختۇر - سېسترالار كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇتقۇزۇشى - داۋالىشى، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، كېسەللىك ئەھۋالى سىجىل ياخشىلاندى. نەپەس يولى كېسەللىك قوزغاتقۇچى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق مەنپىي چىقتى، تۈرلۈك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى، ئۆپكە قىسمىنى رېنتگېنلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ھەممىسى نورمال بولۇپ، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى(سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 8 - نۇسخىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مەسىلىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)